# 133007 - زاكاتنى قەرزدار ۋە خىزمەتچىگە توي قىلىۋېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ بەرسە بولامدۇ؟

## سۇئال

خىزمەتچى بولسىمۇ قەرزدار بولسا ئۇ كىشىگە زاكات بەرسە بولامدۇ؟، مېنىڭ توي قىلمىغان بىر ئىنىم بولۇپ، ئۇ يېقىندىن خىزمەتكە چىقتى، ئائىلىق مائاشىدىن باشقا كىرىمى يوق، توي قىلىۋېلىشى ئۈچۈن زاكات ئايرىغان پۇلدىن بەرسەم بولامدۇ؟.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق
گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بىرىنچى:
گەرچە خىزمەتچى بولسىمۇ قەرزى بولۇپ
تۆلەشكە قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭغا زاكات
مېلىدىن بەرسە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشىمۇ
زاكات بېرىش دۇرۇس بولىدىغان سەككىز تۈرلۈك
كىشىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ
تائالا مۇنداق دەيدۇ:«**زاكات پەقەت
پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى
ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا،
قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھ نىڭ يولىغا، ئىبن
سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھ نىڭ
بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ
مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت
بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر** » تەۋبە سۈرىسى
60- ئايەت.

ئەگەر
يېنىدا قەرزنى ئادا قىلغۇدەك پۇل-ملى بولسا
ئۇ كىشىنىڭ زاكات ئىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىككىنچى:
توي قىلىشنى مەقسەت قىلغان، ئىسراپ قىلمىغان ئاساستا
تۇرمۇش خىراجىتىدىن قىسىلغان كىشى بولسا ئۇ كىشىگە زاكات
مېلىدىن بەرسە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشىمۇ
زاكات ئىلىشى دۇرۇس بولىدىغان پېقىرلەردىن
ھېسابلىنىدۇ.

شەيخ
ئىبنى ئۇسەيمىيندىن: "بىر كىشى يېمەك-ئىچمەك،
تۇرالغۇ جاي تېپىشقا لايىق كەسىپ قىلالايدىكەن، توي
قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ لېكىن توي
خىراجىتىگە يەتكۈدەك ئىقتىسادى يوق ئىكەن، ئۇ
كىشىنىڭ تويىنى زاكات ملى بىلەن قىلىپ قويىسا بولامدۇ؟
دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:
بولىدۇ، ئۇ كىشىنى زاكات مېلىدىن سەرپ قىلىپ، مېھرى
ھەققىگە يەتكۈدەك پۇل بېرىپ
ئۆيلەپ قويساق دۇرۇس بولىدۇ".

پېقىرغا
زاكات مېلىدىن بېرىپ ئۆيلەپ قويۇشنىڭ
دۇرۇس بولۇشتىكى سەۋەب نېمە؟ بىر
كىشىگە كۆپ بەرسە بولامدۇ؟ دەپ سورالغىنىدا،
مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: "ئىنسانىنىڭ توي قىلىشقا
بولغان ھاجىتى بەزى ۋاقىتتا يېمەك-ئىچمەككە
بولغان ھاجىتىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ
ئۈچۈن بەزى ئالىملار، باشقا بىرىگە نەپىقە
قىلىشى ۋاجىب بولغان كىشى ئىقتىسادى يېتىشسە ئۇنى

ئۆيلەپ قويۇشى كېرەك، ئوغلى توي قىلىش يېشىغا يەتسە يېنىدا توي قىلغۇدەك ئىقتىسادى بولمىسا دادىسىنىڭ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش مەجبۇرىيىتى بار. بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى ئۇنتۇپ، پەرزەنتلىرى توينى قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلسا تەر تۆكۈپ پۇل تېپىپ توي قىلىڭلار دەيدىكەن، بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس، پەرزەنتىنى ئۆيلەپ قويۇشقا قادىر بولۇپ تۇرۇپ ئۆيلەپ قويماسلىق ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. قىيامەت كۈنى ئوغلى ئاتىسى ئۈستىدىن ئاللاھغا شىكايەت قىلىدۇ". (ئىسلام ئاساسلىرى پەتىۋا توپلىمى 440- بەت).

سەئۇدى

ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات پەتىۋا كومىتېتىدىن، ئىپپىتىنى ساقلاش ئۈچۈن توي قىلىشنى مەقسەت قىلغان ياشقا زاكات بېرىش دۇرۇسمۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: "ئۆرپ ئادەتتە ئىسراپچىلىق بولمىغان ھالەتتە توي قىلغۇدەك ئىقتىسادى  بولمىغان كىشىگە، زاكات بېرىش دۇرۇس بولىدۇ".

پەتىۋالار

توپلىمى10-توم 17-بەت.